يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

توقسۇ ناھىيەسى تارىخ، مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى كۆچەپ قازدى

# خەن، تاڭ سۇلالىلىرى ئۇسلۇبىدىكى قەدىمىي تۇسنى نامايان قىلدى

5 ـ ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جىڭ بو، جوۋ پېڭ، جاۋ چاڭفۇ

ناھىيە تەۋەسىدىكى 65 جايدا مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە ئاسار ئەتىقە بار بولغان توقسۇ ناھىيەسى تارىخ، مەدەنىيەت بايلىقى چوڭ ناھىيەسىدىن «مەدەنىيەتتە كۈچلۈك ناھىيە»گە ھالقىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جۇغراپىيەلىك بەلگىسىنى پايىل بەرپا قىلىپ، تارىختى سۆزلەتمەكتە، مەدەنىيەتنى سۆزلەتمەكتە.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك.» «14 ـ بەش يىل»مەزگىلىدە، توقسۇ ناھىيەسى شىنجاڭ «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش» تەربىيە بازىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى مەدەنىيەت سۈپەتلىك ماركىسىنى تونۇتۇپ، تارىخ، مەدەنىيەت ئەسلىملىرى نام كارتىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مۇخبىرلار تاڭ سۇلالىسى ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مەدەنىيەت باغچىسىغا كىرگەندە، تاڭ سۇلالىسى ئۇسلۇبىدىكى قەدىمىي تۇس كۆز ئالدىدا نامايان بولدى.

«مەدەنىيەت باغچىسىدا، توڭگۇسباش قەدىمىي شەھىرى نىسبەتەن بويىچە قايتا بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر خىش، ھەربىر كاھىش، ئىچكى بېزىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىنغان» دېدى توقسۇ ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېڭ جيەنجۈن.



توقسۇ ناھىيەسىدىكى تاڭ سۇلالىسى ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مەدەنىيەت باغچىسىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشى(11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان).

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

توڭگۇسباش شەھىرى خارابىسى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى. 2013 ـ يىلى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە ۋېنبو شۆيۈەنى توقسۇ ناھىيەسىدە «تاڭ سۇلالىسى ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئارخېئولوگىيەسى» تۈرىنى باشلىدى. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئارقىلىق، قەدىمىي شەھەرنىڭ قۇرۇلغان دەۋرىنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1700 يىللار ئىلگىرىكى غەربىي جىن سۇلالىسى مەزگىلى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، توڭگۇسباش شەھىرى خارابىسى ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، بۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم تارىخىي پاكىتى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا سىمۋول قىلىنغان مۇھىم جۇغراپىيەلىك بەلگە خاراكتېرلىك شەھەر خارابىسى.

توقسۇ ناھىيەسى تەۋەسىدە ھازىر قەدىمىي شەھەر، تۇر، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش خارابىسى، بۇددا ئىبادەتخانىسى، تاش غار، ئۆتكەل قاتارلىق 65 مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە ئاسار ئەتىقە بار، بولۇپمۇ خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي خارابە ۋە بۇددا دىنى خارابىسى كۆپ.

توقسۇ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شياۋ لىن مۇنداق دېدى: مول تارىخ، مەدەنىيەت بايلىقى توقسۇ ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەتتە كۈچلۈك ناھىيە قۇرۇشىدىكى تۈتقا بولۇپ، بۇ ناھىيە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتتى. «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىش، شىنجاڭنىڭ تۆت تارىخى تەشۋىقات تەربىيەسى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى مەدەنىيىتىنى ھېس قىلىش» بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جۇغراپىيەلىك بەلگىسىنى بەرپا قىلدۇق؛ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مەدەنىيەت باغچىسى، تاڭ سۇلالىسى ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مەدەنىيەت باغچىسىنى تايانچ قىلىپ، «كۇسەننىڭ ئەسلىي جايى، بەيما قەدىمىي دەرياسى، شەرقىي خەن سۇلالىسى قورۇقچىبېگى، ئەنشىدىكى تۈنجى بازار، مىڭ يىللىق توقسۇ»دىن ئىبارەت خەن، تاڭ سۇلالىلىرى مەدەنىيەت سۈپەتلىك ماركىلىرىنى تونۇتتۇق؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى مەدەنىيىتىنى شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئادىمىيەت شەھىرى، باغچە شەھەر، ساياھەت شەھىرى، رەقەملىك شەھەر قۇرۇلۇشىنى ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىپ، تارىخ ئەسلىملىرى داغلىق شەھىرى نام كارتىسىنى بەرپا قىلدۇق.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، ھازىرغا قەدەر، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەدەنىيەت باغچىسى، تاڭ سۇلالىسى ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مەدەنىيەت باغچىسى پۈتكەن ھەم سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، توقسۇ ناھىيەلىك مۇزېيمۇ يېقىندا ئېچىۋېتىلىدىكەن، پۈتۈن ناھىيە بويىچە «ئىككى باغچە، بىر مۇزېي»نى باشلامچى قىلغان مەدەنىيەت ـ ساياھەت تەرەققىيات ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن. بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ناھىيە جەمئىي 1 مىليون 61 مىڭ 900 ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىپ، 495 مىليون يۈەن ساياھەت كىرىمى ياراتقان، مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپى توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپ ۋە ئىستىقباللىق كەسىپكە ئايلانغان.

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىبارەت ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۈپىتىدا ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان تېخنىكا ئارقىلىق تۆرلۈك سانلىق مەلۇماتلار بىرىكتۈرۈلگەن بولۇپ، بارلىق تېرمىناللارنى ئەمەلىي ۋاقىتتا زىيارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئۇ، سىستېمىنىڭ «چوڭ مېڭىسى» ھېسابلىنىدۇ. يەر يۈزى كۈچەيتىش ئاساسىي پونكىتى بېيدوۋ ئورۇن مۇلازىمىتىنى يادرو قىلىپ، يۇقىرى ئېنىقلىقتا ئورۇن بەلگىلەش، يۇقىرى ئېنىقلىقتا ۋاقىتتىن خەۋەرلەندۈرۈش ۋە قىسقا خەۋەر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ يىل، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى بېيدوۋ سىستېمىسىنى قوللىنىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا بېيدوۋ يەر يۈزى كۈچەيتىش ئاساسىي پونكىتىدىن 126نى قۇردى، ھەربىر پونكىت سىگنالىنىڭ قاپلاش دائىرىسى 50 كىلومېتىردىن ئاشتى، ۋاقىتتىن خەۋەرلەندۈرۈش ئېنىقلىق دەرىجىسى 20 نانو سېكۇنتقا يەتتى، ئورۇن بەلگىلەشتىكى ئېنىقلىقى، توغرىلىقلىقى «مىللىمېتىر دەرىجە»سىگە يەتتى.

دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى پەن ـ تېخنىكا ئالاقە تورى بۆلۈمى سانلىق مەلۇمات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋاڭ تيەنجۈن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ سىستېمىنىڭ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى چارلاپ تەكشۈرۈش خادىملىرىغا «ئۆتكۈر كۆز» ۋە «كۆزىتىش كۆزى» ئورنىتىپ قويغانغا ئوخشايدۇ، ناۋادا گېئولوگىيەلىك ئاپەت يۈزبەرسە، چارلاپ تەكشۈرۈش خادىملىرى نەق مەيدانغا بارمايلا ترانسفورماتور پونكىتى، توك يەتكۈزۈش تۈمۈر مۇنارى قاتارلىق ئېلېكتىر تورى ئەسلىھەلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان ـ ئۇچرىمىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ، ھەتتا بىرنەچچە سانتىمېتىرلىق ئورۇن يۆتكىلىش ئۆزگىرىشىنىمۇ بايقىيالايدۇ.

نۆۋەتتە، ئېلېكتىر تورى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ترانسفورماتور پونكىتىدىكى چارلاپ تەكشۈرىدىغان ماشىنا ئادەم، توك يەتكۈزۈش لىنىيەسىدىكى چارلاپ تەكشۈرىدىغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئارقىلىق يۇقىرى ئېنىقلىقتا ئورۇن بەلگىلەش مۇلازىمىتى قوللىنىلدى؛ ۋاقىتتىن خەۋەرلەندۈرۈش مۇلازىمىتى ئېلېكتىر ئېنېرگىيە ئەسلىھەلىرىنىڭ ھالىتىنى ئانالىز قىلىش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدىكى ۋاقىت تەرتىپىنى ماس قەدەملەشتۈرۈشتە قوللىنىلىپ، ئېلېكتىر تورى ئەسلىھەلىرىنىڭ ۋاقىت ئېنىقلىق دەرىجىسىنى دەققە دەرىجىسىدىن نانو سېكۇنت دەرىجىسىگە ئۆستۈردى؛ تور بىلەن قاپلانمىغان رايونلاردا، قوللىنىش سىستېمىسىنىڭ قىسقا خەۋەر مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئۇچۇر توپلاش ۋە جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە خەۋەرلىشىش سىناق قىلىنىۋاتىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لى جىڭخۇا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، تۇرۇۋاتقان ئولتۇراق رايوندا قاتتىق جىسىملىق توك ئارقىلىق ئىسسىقلىق ساقلاش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، پاكىز پار بىلەن تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، بۇ ئۈسكۈنە چوڭ سانلىق مەلۇمات، ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات قاتارلىق ئۇچۇرلارنى يۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، قاتتىق جىسىملىق ئىسسىقلىق ساقلايدىغان ئېلېكتىرلىك پار قازىنى ئۈسكۈنىسى توپىنى كونترول قىلىپ رايونغا بۆلۈپ، ۋاقىتقا بۆلۈپ، ئېھتىياجغا قاراپ پار بىلەن تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەڭ زور چەكتە ئېنېرگىيە تېجەيدۇ.

بۇ يىل تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئىسسىنىش قۇرۇلۇش كۆلىمى 39 مىليون 750 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە پاكىز ئىسسىنىش ئومۇمىي كۆلىمى 27 مىليون 700 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، پاكىز ئىسسىنىش نىسبىتى 69.7%كە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 22% ئاشقان. پاكىز ئىسسىنىشتا توك ئارقىلىق پار بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 4 مىليون 550 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 163% ئاشقان.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىندا يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «يېشىل پار بىلەن تەمىنلەش ئەندىزىسى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشتا تونۇشتىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكىچە مۇھىم ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.» تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى خاۋ خاۋخۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايىتى يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، «شامال، يورۇقلۇق» بايلىقى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پاكىز ئېنېرگىيە كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، شامال ئېلېكتىر، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى، ئېنېرگىيە ساقلاش قاتارلىق زامانىۋى ئېنېرگىيە خىمىيە سانائىتى كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىدۇ.

تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك سەددىچىن سېپىلى نۇقتىلىق بۆلەكلىرىنىڭ ئىسمىلىكى ئېلان قىلىندى

# شىنجاڭدىكى تۆت جايدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى خارابىسى «دۆلەت دەرىجىسى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ خەيفېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ھۆكۈمەت تورى ئارقىلىق، بىرىنچى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك سەددىچىن سېپىلى نۇقتىلىق بۆلەكلىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭدىكى تۆت جايدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە چېگرا قورغىنى ۋە تۇر خارابىسى ئىسمىلىككە كىرگۈزۈلدى.

بىرىنچى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك سەددىچىن سېپىلى مۇھىم نۇقتىلىق بۆلەكلىرىنىڭ شەكىللىنىشى چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى، ئۇزۇن سەپەر قاتارلىق مۇھىم، زور تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان ھەمدە مەدەنىيەت مەنزىرىسى تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋەكىل خاراكتېرلىك بۆلەك، چېگرا ئۆتكەللىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان مۇھىم جاي، مۇھىم تۈرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، جەمئىي 83 بۆلەك/جايىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭدىن ئىسمىلىككە كىرگۈزۈلگەن تۆت جاي ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۆشۈك تۇرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىياق قۇدۇق تۇرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىزىلقاغا تۇرى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مازار تاغ چېگرا قورغىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدۇر.

تۇر قەدىمكى زاماندىكى ھەربىي خەۋەر يەتكۈزىدىغان بىرخىل ئەسلىھە بولۇپ، كەچتە ئوت يېقىپ گۈلخان ھاسىل قىلىپ، كۈندۈزى ئىس قويۇپ بېرىپ خەۋەر يەتكۈزۈلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۆشۈك تۇر خارابىسى بىلەن قىياق قۇدۇق تۇر خارابىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا جايلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆشۈك تۇر خارابىسى لوپنۇر ناھىيەسى گۆلباغ يېزىسى شىڭدى كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 34 ـ تۈەن چۈچۈكبۇيا زاۋۇتىنىڭ غەربىي شىمالىغا 27.5 كىلومېتىر كېلىدىغان كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قۇرۇق تاغ ئالدىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندە بەلباغدىكى بىر قۇرۇپ كەتكەن دەريا يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چۆللۈكتە. تۆشۈك تۇرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان بولۇپ، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى يىپەك يولىنىڭ كىروران رايونىدىكى مۇھىم ھەربىي ئەسلىھە ھېسابلىنىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىياق قۇدۇق تۇرى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 90 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى چۆللۈكتە، ئۇ تۇر گەۋدىسى، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىق ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئىقتىدارى تولۇق ئۇنىۋېرسال ھەربىي ئەسلىھە. دەسلەپكى تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇ تۇر خارابىسىنىڭ بىر چارلىغۇچىلار تۇرۇشلۇق جاي ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىزىلقاغا تۇرى ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 13 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۆلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۇزلۇق سۇ جىلغىسىنىڭ جىلغا ئېغىزىدىكى سۇ يالىغان تۆپىلىككە جايلاشقان بولۇپ، نۆۋەتتە، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يولىدىكى دەۋرى ئەڭ بالدۇر، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان تۇر خارابىسى ھېسابلىنىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مازار تاغ چېگرا قورغىنى خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيەسى كاۋاك يېزىسىنىڭ تۇزلۇقئوتاق كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، خوتەن دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپى، مازار تاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە. چېگرا قورغىنى دەسلەپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان بولۇپ، تاغقا يۆلەپ سېلىنغان. بۇ چېگرا قورغىنى مۇھىم ھەربىي ئەسلىھە بولۇپلا قالماي، يەنە ئەينى چاغدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىدۇر.

مۇخبىرنىڭ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى تارماقلىرىدىن ئىگىلىشىچە، ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جەمئىي 212 جايدا سەددىچىن سېپىلى بايلىقى بار بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا تارقالغان. ئۇلار تارىختىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشىغا گۇۋاھ بولىدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى تارماقلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش مەخسۇس ياردەم پۇل مەبلىغىدىن 100 مىليون يۈەننى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى سەددىچىن سېپىلى بايلىقى ئۇل ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قاتارلىقلارغا ئىشلەتكەن. 2017 ـ يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون ھەر يىلى 22 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قارىغۇچىلارنىڭ مەخسۇس خىراجىتىنى ھەل قىلغان. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى سەددىچىن سېپىلى بايلىقى چۆل ـ جەزىرىگە جايلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى كۆڭۈل قويۇپ قوغدالغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)